ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قانۇن ساھەسى، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە ياش ئوقۇغۇچىلار ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىغانلىقىغا غەزەپ بىلەن لەنەت ئوقۇدى ——

# شىنجاڭنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە تاشقى كۈچلەرنىڭ ئۆكتەملىك بىلەن ئارىلىشىشىغا قەتئىي يول قويمايمىز

## قانۇن ساھەسى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىپ، رايون ۋە خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرەشكە پائال تۆھپە قوشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى ئەكبەر ئەكرەم مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللاپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى. شىنجاڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەجرىبىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەر شارىۋى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىستراتېگىيەسى»گە پائال ئاۋاز قوشۇپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەم مەنبەدىن تۈزەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللانغانلىقى تامامەن جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلىرىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش پرىنسىپال ئىدىيەسىگە ئۇيغۇن.

«ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، ‹ئۈچ خىل كۈچ› شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى سادىر قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، مال - مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. بىگۇناھ ئامما زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان چاغدا، ئامېرىكىدىكى ‹كىشىلىك ھوقۇق›قا كۆڭۈل بۆلىدىغان بۇ سىياسەتۋازلار نەگە كەتتى؟ ھازىر ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى سىجىل ئېشىۋاتقاندا، بۇ بىر قىسىم كىشىلەر شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا خالىغانچە قارا چاپلاپ، ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ رەزىل مەقسىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى.» شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد داشۆسى قانۇن شۆبىسىنىڭ پروفېسسورى دې جۆنىلىڭ مۇنداق دېدى: شىنجاڭ قوللانغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش بويىچە ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تەدبىرلەر مەنبەدىن تۈزەش تەدبىرى بولۇپ، ئۇنىڭ نېگىزى كىشىلىك ھوقۇققا تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈندۇر.

«جۇڭگو قانۇنچىل دۆلەت، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلىرى باشتىن - ئاخىر قانۇنچىللىق يولىدا ئېلىپ بېرىلدى.» شىنجاڭ داشۆ قانۇن شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن يۈەنجاڭى ئەركىن ساماساق بىرقانچە قېتىم خوتەن ۋىلايىتىدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ قانۇنچىللىقتىن لېكسىيە سۆزلىگەن. ئۇ يەردە ئۇ تەربىيەلەش مەركىزىنىڭ سىنىپلىرىنىڭ ئازادە، يورۇق، ياتاقلىرىنىڭ پاكىز، رەتلىك ئىكەنلىكىنى، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆگىنىشتىن سىرت يەنە مول كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى، ئۇ يەرنىڭ ئەسلا غەربتىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار دەۋاتقان «جازا لاگېرى» ئەمەسلىكىنى كۆرگەن. ئۇ مۇنداق دېدى: قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈندۇر، ئامېرىكا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەسىلىسىدە قوش ئۆلچەم قوللاندى، بۇ، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا تېررورىزم، ئەسەبىيزمنى قانات ئاستىغا ئالغانلىق، ئۇنىڭغا يول قويغانلىق.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى دۇڭ مېي مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شىنجاڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى»نىڭ 4 - ماددىسى ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى»نىڭ 17 - ماددىسى قاتارلىق بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، ئەسەبىيزم ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، مەجبۇرلانغان ھەم قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەرگە قارىتا تەربىيەلەش - قۇتقۇزۇۋېلىش، ياردەم بېرىش - يۆلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى دەل ھادىسىدىنمۇ، ماھىيىتىدىنمۇ تۈزەش، ئۇنىۋېرسال تەدبىر يۈرگۈزۈش پرىنسىپىنى نامايان قىلدى، كەڭچىلىك قىلىش بىلەن قاتتىق جازالاش بىرلەشتۈرۈلگەن تەربىيەلەش - قۇتقۇزۇۋېلىش فاكچىنىنى نامايان قىلدى. شىنجاڭنىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ۋە ئېرىشكەن نەتىجە - ئۈنۈمى ئۆگىنىشكە، ئۆرنەك ئېلىشقا ئەرزىيدۇ، ئەكسىچە بۇنىڭغا ئۆكتەملىك بىلەن ئارىلىشىشقا، خالىغانچە قارا چاپلاشقا بولمايدۇ.

«شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىدە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ئۆلچەم قىلىنغان، بۇنىڭدا تايىنىدىغىنى قانۇن بولۇش، قانۇن بولغان ئىكەن جەزمەن تايىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.» ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى رىيەھمجان بارات مۇنداق دېدى: ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى دەستەك قىلىۋېلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ بەختى بىلەن ئەسلا كارى بولمايۋاتىدۇ. بۇنداق نومۇسسىز قىلمىش پەقەت مەغلۇبىيەت بىلەنلا ئاخىرلىشىدۇ.

**(مۇخبىرلىرىمىز جېڭ جو، ياڭ شۈخەن يازغان)**

## ئىسلام دىنى ساھەسى

(بېشى 1 - بەتتە)

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىغانلىقىغا قارىتا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىنى، كۈچلۈك ئەيىبلىگەنلىكىنى، قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەم بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «شىنجاڭنىڭ تىنچ، خاتىرجەم، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى تەستە قولغا كەلگەن، ھەر مىللەت ئاممىسى ھەسسىلەپ ئاسرايدۇ، ھەسسىلەپ قەدىرلەيدۇ، تاشقى كۈچلەرنىڭ ئۆكتەملىك بىلەن ئارىلىشىشىغا قەتئىي يول قويمايدۇ».

مۇھتەرەم شېرىپ مۇنداق دېدى: ئاساسىي قانۇندا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بار» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن، ھۆكۈمەت دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىڭ دىنىي ھېسسىياتى ۋە ئېتىقاد ئېھتىياجىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىدۇ. شىنجاڭدا ھازىر 20 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىت بار، ئىسلام دىنى دىنىي خادىملىرى 29 مىڭ كىشى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سايباغ رايونىدىكى تىنچلىق مەسچىتىگە كىرگىنىمدە، تاھارەت ئېلىش ئەسلىھەسى، سۇ چۈشۈرۈلىدىغان ھاجەتخانىنىڭ مۇسۇلمان ئاممىنى راھەت، پاكىز دىنىي پائالىيەت مۇھىتى بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى كۆردۈم.

«ھۆكۈمەت مەسچىتلەرنىڭ ئاممىۋى مۇلازىمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتىنى تەدرىجىي ياخشىلاپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى، بۇنىڭغا ئىلگىرىكى ھەرقانداق بىر تارىخىي مەزگىلدىكىنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.» تىنچلىق مەسچىتىنىڭ ئىمامى تاشتۆمۈر قادىر مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش» «توققۇزنى سەپلەش»نى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنى ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى. بىز پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى سىياسىتىگە چىن كۆڭلىمىزدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شۈيموگۇ رايونىدىكى گاۋجياجۇاڭ مەسچىتىنىڭ ئىمامى ھەمىت ئەمەر مۇنداق دېدى: «شىنجاڭ ئىلگىرى ئەسەبىيزمنىڭ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمەدى، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، بۇ دەل شىنجاڭغا تۆھمەت قىلىش، قارا چاپلاشقا بېرىلگەن كۈچلۈك قايتۇرما زەربە. شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشى تامامەن كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىش تەدبىرى، شۇنداقلا ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغدىغانلىق. ھەم دىننى مەنبەدىن ساپلاشتۇرغانلىق، شۇنداقلا پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قەتئىي قوغدىغانلىق، بىز بۇنى قەتئىي ھىمايە قىلىمىز ۋە قوللايمىز».

ھەمىت ئەمەر مۇنداق دېدى: «مەن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىلگىرىلىشىنىڭ باشتىن كەچۈرگۈچىسى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويۇشىدىن مەنپەئەتلەنگۈچى. جۇڭگودا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بارمۇ - يوق، بىز دىنىي زاتلار سۆز قىلىشقا ئەڭ ھوقۇقلۇق! غەربتىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنى بۇنداق رەزىل ئويۇننى توختىتىشقا نەسىھەت قىلىمىز. بىز ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىنى سۆيۈش ئېسىل ئەنئەنىسىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنى توغرا ئېتىقاد تۇرغۇزۇشقا، ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇشقا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، بىرلىكتە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك».

**(مۇخبىرىمىز مېھرىگۈل غوپۇر يازغان)**

## ياش ئوقۇغۇچىلار

(بېشى 1 - بەتتە)

«شىنجاڭغا ئالاقىدار ‹قانۇن لايىھەسى›دە ‹كىشىلىك ھوقۇق› دەستەك قىلىنىپ، بۆلگۈنچىلىككە قۇترىتىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇش مەقسىتىگە يېتىشكە تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇلغان، بىز ئامېرىكا تەرەپنىڭ ساختا ياخشىچاق قىياپىتى ۋە رەزىل مەقسىتىنى ئېنىق كۆرۈشىمىز كېرەك.» شىنجاڭ داشۆ ئاخبارات ۋە تارقىتىش شۆبىسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئادىلە مەتتۇرسۇن مۇنداق دېدى: ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئامېرىكا تەرەپنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرماقچىمەنكى، سىلەرنىڭ سۇيىقەستىڭلار ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنى ھەدەنىيەت - سەنئەت فاكۇلتېتى 2018 - يىللىق ئاممىۋى ئىشلار باشقۇرۇش كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىلمىرە قېيۇم ئىلگىرى قەشقەر ۋىلايىتىگە بېرىپ كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان. ئۇ مۇنداق دېدى: كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەربىيەلەنگۈچىلەرگە قانۇن، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، ماھارەت قاتارلىقلارنى ئۆگىتىپلا قالماي، يەنە گۈزەل سەنئەت، مۇزىكا، ئۇسسۇل قاتارلىق قىزىقىش سىنىپلىرىنى ئېچىپتۇ، تەربىيەلەنگۈچىلەر ناخشا ئېيتقۇسى كەلسە ناخشا ئېيتىدىكەن، ئۇسسۇل ئوينىغۇسى كەلسە ئۇسسۇل ئوينايدىكەن، خۇشال ھەم مەنىلىك ئۆتىدىكەن. «ئۇلارنىڭ كۈلكە پارلاپ تۇرغان چىرايى ۋە ئەستايىدىل ئۆگىنىش قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشى ھازىرغىچە ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، شىنجاڭغا ئالاقىدار ‹قانۇن لايىھەسى›دە قانداقتۇر ‹ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىندى› دېيىلىپتۇ، بۇ دەل شىنجاڭغا قارا چاپلىغانلىق، تۆھمەت قىلغانلىق، بۇ، ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك، خالاس!» دېدى ئىلمىرە غەزەپلەنگەن ھالدا.

«دادامنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈۋاتىدۇ!» 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، شاڭخەي شەھەرلىك يۇسەي ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا 3 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى مېھرىبانگۈل ئابدۇكېرىم مۇنداق دېدى: «دادام ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغاچقا، ھەمىشە قاپىقىنى تۈرۈپ يۈرەتتى، ھەممە كىشىگە تونۇق تېگەتتى، سىڭلىم ئىككىمىز پادىچىلار ئىشتىنى ياكى قىسقا يەڭلىك كىيىم كىيسەك دادام ھەمىشە ئاچچىقلاپ كېتەتتى. ئۆيدىكىلەرنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن، دادام كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگەندى. تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، دادام كۆلۈپ يۈرىدىغان بولدى، يەنە تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىزنىڭ چىرايلىق كىيىملەرنى سېتىۋېلىشىمىز ئۈچۈن پۇل بېرىدىغان بولدى، بۇنى بىز ئىلگىرى چۈشىمىزدىمۇ ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتۇق.» مېھرىبانگۈل مۇنداق دېدى: بۈگۈنكى كۈندە دادام تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە پىشۇرۇق پىشۇرۇش تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن تورت دۇكىنى ئاچتى، سودىسى ياخشى بولۇۋاتىدۇ، پۈتۈن ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ قەلبى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە بولغان مىننەتدارلىققا تولدى، «شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى، بۇ دەۋردە ياشاۋاتقانلىقىمىزدىن چەكسىز بەخت ھېس قىلىمىز. شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى پارچىلايدىغان ھەرقانداق قىلمىشقا بىز قەتئىي قوشۇلمايمىز!»

قەشقەر داشۆسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى مەرىيەمبۇ مەرگەن مۇنداق دېدى: موماملىرىم بىلەن دادام چېگرا بويىدا يىلتىز تارتىپ، ئۇزاقتىن بۇيان ئۈن - تىنسىز دۆلەت ئۈچۈن چېگرا قوغداۋاتقان چېگرا قوغدىغۇچىسى، ۋەتەننى سۆيۈش، شىنجاڭنى سۆيۈش، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تۆھپە قوشۇش ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەن ئېسىل ئەنئەنە. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ھەر مىللەت ساۋاقداشلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، كۆزۈمنى روشەنلەشتۈرۈپ، ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، تەستە قولغا كەلگەن بەختلىك تۇرمۇشنى قەدىرلەيمەن، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، گۈزەل يۇرت - ماكانىمىزنى قۇرۇشقا ياشلىقىمنى، كۈچۈمنى بېغىشلايمەن.

**(مۇخبىرلىرىمىز جاۋ شىيا، يۈ مېڭرەن، سۇ لۇپىڭ، شىيا چىڭ، يۇ شى يازغان)**

# مۇقىملىق شىنجاڭنىڭ ئەڭ چوڭ كىشىلىك ھوقۇقى

(بېشى 1 - بەتتە)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭدا گۈللىنىش، مۇقىملىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى سىجىل ساقلاندى، تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ.

جەمئىيەت سىجىل مۇقىم بولدى، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى ۋە مال - مۈلۈك ھوقۇقى ئەڭ زور دەرىجىدە كاپالەتلەندۈرۈلدى.

ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ تەسىرىدە، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكى ئىنتايىن زور خەۋپكە ئۇچرىدى. ھەر مىللەت ئاممىنىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە زەربە بېرىش كۈچلۈك ساداسى ئالدىدا، ئاپتونوم رايون ھەم قانۇن بويىچە ئېغىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتچى ئۇنسۇرلىرىغا زەربە بەردى، ھەم قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، يېنىكرەك قانۇنغا خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى. شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى يۈز بەرمەي، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. بۇ يىلدىن بۇيان، مەن چەت ئەلدىن كەلگەن 40 نەچچە تۈركۈم مېھماننى كۈتۈۋالدىم، ئۇلار تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇسۇلغا يۇقىرى باھا بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئالقىشلاپ، شىنجاڭ ناھايىتى گۈزەل بولۇپلا قالماي، يەنە ناھايىتى بىخەتەر ئىكەن، دەپ قارىدى.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مۇقىملىقتىن ئايرىلغان ھالدا كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا سۆزلەش مەنبەسىز سۇغا، يىلتىزسىز دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئاپتونوم رايون ھادىسىدىنمۇ، ماھىيىتىدىنمۇ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قانۇن بويىچە قوللىنىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ يۈز بېرىش، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توستى.

دىنلار ئېجىل - ئىناق بولدى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى.

بىرىنچىدىن، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ شارائىتى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە مەسچىت سانى ئەڭ كۆپ ئۆلكە بولۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجىنى تامامەن قاندۇرالايدۇ. مەسچىتلەردە «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش»، «توققۇزنى سەپلەش» داۋاملىق ئالغا سىلجىتىلىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. ئىككىنچىدىن، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا غەمخورلۇق قىلىش، ئۇلارنى تەربىيەلەش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئىسلام دىنى دىنىي خادىملىرىنى تەربىيەلەش پىلانلىنىپ، تەربىيەلەشنى دائىملاشتۇرۇش خىزمەت مېخانىزمى ئورنىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دىنىي خادىملارنى تۇغقىنى، دوستى ئورنىدا كۆرۈشتە، دىنىي خادىملارغا غەمخورلۇق قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، دىنىي خادىملار ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلۈپ، تۇرمۇش ياردەم تولۇقلىمىسى تارقىتىپ بېرىلدى. ئۈچىنچىدىن، شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنى ۋە ئۇنىڭ شۆبە شۆيۈەنلىرى ياخشى باشقۇرۇلدى. 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، دۆلەت دىن ئىدارىسىگە ئەنگە ئالدۇرۇلۇپ، قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ، ئاقسۇ، ئىلى، تۇرپان، سانجى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا سەككىز شۆبە شۆيۈەن قۇرۇلدى. 2017 - يىلى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنىنىڭ يېڭى مەكتەپ رايونى ئىشلىتىشكە رەسمىي كىرىشتۈرۈلدى. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىمۇ كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق دىنىي بىلىمگە ئېرىشەلەيدىغان بولدى.

پائال تۈردە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىپ ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىپ، سىياسىي ھوقۇق - مەنپەئىتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى.

دىن ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىش ھوقۇق - مەنپەئىتى كاپالەتلەندۈرۈلدى. دىن ساھەسىدىكى زاتلار ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشلىرىدە ۋەكىل، ئەزا بولۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىش ھوقۇق - مەنپەئىتىنى يۈرگۈزۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار خىزمەتلىرى، بولۇپمۇ دىن جەھەتتىكى خىزمەتلەر توغرىسىدا پىكىر - تەكلىپ ياكى تەۋسىيە - تەكلىپ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شىنجاڭ باشتىن - ئاخىر پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاكچىنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلىدى. بىز چوقۇم زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بايرىقىمىز روشەن ھالدا بارلىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە قارشى تۇرۇشىمىز، ۋەتەننى پارچىلاشقا ئۇرۇنىدىغان بارلىق قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن شىنجاڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە كەڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا ۋاكالىتەن، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، شىنجاڭغا قارا چاپلاشقا، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا ئۇرۇنغان ئاشۇ ئامېرىكا سىياسەتۋازلىرىنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى، ئوبيېكتىپ پاكىتقا كۆز يۇمماڭلار، يەنە ئىغۋا توقۇپ بوھتان چاپلىماڭلار! مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق كۈرەش قىلسىلا، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

«يېڭى ئۆينىڭ ئەسلىھەلىرى تولۇق ئىكەن، كارىۋات سېتىۋېلىپ، يوتقان - كۆرپە، كىيىم - كېچەك ۋە ئادەتتىكى كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى كۆتۈرۈپلا كۆچۈپ كىردۇق.» 58 ياشلىق تۇرامەت تۇنىياز مۇنداق دېدى: بۇلتۇر 11 - ئايدا كەلكۈن ئاپىتى كۆپ كۆرۈلىدىغان چوپان يېزىسىنىڭ قاراشور كەنتىدىن كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن، ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى.

مۇخبىر شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بىرقانچە باشقا جايغا كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش رايونىدا، تۇرامەت تۇنىيازغا ئوخشاش كۆچۈرۈلگەن دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تۇرالغۇ مۇھىتىنىڭ ئىنتايىن زور دەرىجىدە ياخشىلانغانلىقىنى، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نىڭ ھەل قىلىنغانلىقىنى، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى، نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمىنىڭ ئاشقانلىقىنى كۆردى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پوسكام ناھىيەسىدىكى تۇگېئەن يېزىسى بىر يىل ئىلگىرى شىنجاڭ كۇئېنلۈن تاغلىق رايونىدا يولغا قويغان بىر قېتىملىق ۋىلايەت، ئوبلاست ھالقىغان، پۈتكۈل يېزا - بازار بويىچە ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسى. بۇ جايدا، بىخەتەر تۇرالغۇ ۋە ماس قەدەمدە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن سۇ تۇرۇبىسى، ئەۋرەز يولى، ئېلېكتر تورى، يول، يېقىلغۇ گاز قاتارلىق ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىدىن باشقا، يەنە يەسلى، باشلانغۇچ مەكتەپ، شىپاخانا، كەنت ئاھالىلىرى پائالىيەت مەركىزى ۋە گۈللۈك مەيدانىمۇ سەپلەنگەن.

كۆچۈرۈلگەن ئاممىنىڭ نامراتلىق ئۈۋىسىدىن كۆچۈشكە ياردەم بېرىش، تۇرالغۇ شارائىتىنى ياخشىلاش ئاساسىدا، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت يەنە كارخانىلارنى ماكانلىشىشقا جەلپ قىلىش، كەنت ئاھالىلىرىنى ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق كۆچۈرۈلگەن نامرات ئائىلىلەرنى مۇقىم تۇرىدىغان، بېيىيالايدىغان قىلدى. ئاقتاش ئورۇنلاشتۇرۇش رايونىدا، شۇ جاي جەلپ قىلىپ كىرگۈزگەن يەتتە زاۋۇت 4000دىن ئارتۇق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى، بۇ ئىش ئورۇنلىرى ھەربىر ئائىلىدىن ئاز دېگەندىمۇ بىر كىشىنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كونسېرى مۇكەممەللىشىۋاتقان يانداش تۈرلەر يەنە نامرات ئائىلىلەرنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش، ئىشقا ئورۇنلىشىش سۇپىسى بىلەن تەمىنلىدى.

نۆۋەتتە، تۇگېئەن يېزىسى 102 ئېغىز دۇكان ۋە 98 يايما ئورنىغا ئىگە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى قۇرۇپ، كۆچۈرۈلگەن ئائىلىلەرنىڭ تىجارەت قىلىشى ئۈچۈن تەمىنلىدى. «ئىشقا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، كۆچۈرۈلگەن دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى، كىرىمى بار بولدى، روھىي قىياپىتىدىمۇ ناھايىتى چوڭ يۈكسىلىش بولدى» دېدى تۇگېئەن يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ شۇۋخۇي.